# تارىخ بىلەن كەلگۈسىنى يورۇتۇش

(بېشى 2 ـ بەتتە)

1934 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، خۇنەن ئۆلكىسى رۇچېڭ ناھىيەسى شاجۇ كەنتىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۈچ ئايال جەڭچىسى كەنت ئاھالىسى شۈ جيېشيۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغان، مېڭىش ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر يوتقىنىنىڭ يېرىمىنى كېسىپ ئۇنىڭغا قالدۇرغان.

2016 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەر غەلىبىسىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ تارىخنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: «ئەينى چاغدا سۆزلىگەن ۋاقتىمدىلا چوڭقۇر تەسىرلەنگەنىدىم».

تۆت يىلدىن كېيىنكى كۈزدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ خۇنەنگە بېرىپ تەكشۈرۈشتە بولدى. شۇ جايغا بېرىپلا ئۇدۇل شاجۇ كەنتىگە كېلىپ، «يېرىم يوتقاننىڭ ئىللىقلىقى» مەخسۇس تېمىلىق كۆرگەزمىخانىسىغا كىردى.

قىزىل ئارمىيە ئايال جەڭچىلىرىنىڭ يوتقاننى كېسىپ كەنت ئاھالىسىگە سوۋغا قىلغان ھەيكىلى ئالدىدا تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «قىزىل ئارمىيەنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى، كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۆزىگە يېتىشمەيۋاتقان، ھايات ـ ماماتى قىل ئۈستىدە قالغان ئەھۋالدىمۇ، قەلبىدە يەنىلا پۇقرالارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى ئويلىغان. ھەربىر ئىش ـ ھەرىكەتتە چىن ھېسسىيات سىڭگەن! بىزنىڭ ئارمىيەمىز خەلقنىڭ قوشۇنى، بىز كوممۇنىستلار بىلەن پۇقرالارنىڭ ھېسسىياتى بىر يوتقاننى ئورتاق ئىشلىتىش ھېسسىياتىدۇر».

ھەر قېتىملىق تەكشۈرۈش قەدەم ئىزىدا، مەيلى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، تارىخىي ئىلھاملارنى ئەكس ئەتتۈرۈش بولسۇن، مەيلى پارتىيە تارىخى ھېكايىلىرىنى سۆزلەش، قىزىل تەربىيەگە يېتەكچىلىك قىلىش بولسۇن، باش شۇجى شى جىنپىڭ باشتىن ـ ئاخىر «خەلق تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى» دېگەن بۇ ماتېرىيالىزملىق تارىخ قارىشىغا ئەمەل قىلىپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ مەيدانىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەيداندا چىڭ تۇردى.

ھاكىمىيەت دېمەك خەلق دېمەكتۇر، خەلق دېمەك ھاكىمىيەت دېمەكتۇر.

«پارتىيەمىزنىڭ 100 يىللىق تارىخى دەل پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش تارىخى، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ قانداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇش تارىخىدۇر.» دەل شۇنداق بولغاچقا، جياشىڭ نەنخۇ كۆلىدىكى قىزىل كېمە، 100 يىللىق بوران ـ چاپقۇننى باشتىن كەچۈرۈپ، شىددەتلىك ئېقىن، خەتەرلىك ساھىللاردىن ئۆتۈپ، جۇڭگوغا يول باشلايدىغان ھەيۋەتلىك غايەت چوڭ پاراخوتقا ئايلاندى.

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى يىغىلغاندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەرلىككە تەكشۈرۈشكە بارغاندىكى 1 ـ بېكەتتە جياڭسۇ شۇجۇغا كەلدى.

فېڭخۇاڭشەن تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان خۇەيخەي ئۇرۇشى خاتىرە سارىيىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ خەلق ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش قاتارلىق بۆلەكلەرنى نۇقتىلىق ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ھەربىر بۇيۇم، ھەربىر سۈرەت، ھەربىر كۆرۈنۈش خۇەيخەيدە ئۇچرىشىپ قىلغان ھەل قىلغۇچ جەڭنى قايتا نامايان قىلدى.

ئىستاتىستىكىدا كۆرسىتىلىشىچە، خۇەيخەي ئۇرۇشىدا 2 مىليون 250 مىڭ خەلق ئىشچىسى، 400 مىڭدىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك ھارۋا سەپەرۋەر قىلىنغان. بۇ ھارۋىلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، ئىككى يول بويىچە زۇڭدۇي تەشكىللىسە، نەنجىڭدىن تا بېيجىڭغىچە تۇتىشىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر تەرەپتىن چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن ئالاقىدار تەپسىلاتلارنى سورىدى، ئۇ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى: ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى تەستە قولغا كەلگەن، ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھىغا ئىگە زور بىر تۈركۈم قوماندان ئىختىساسلىقلار ۋە كۆرەش قەھرىمانلىرىغا تاياندۇق، تېخىمۇ مۇھىمى خەلقنىڭ قوللىشى ۋە ئۆزىنى بېغىشلىشىغا تاياندۇق. خۇەيخەي ئۇرۇشى قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە. بىز خەلققە ياخشى جاۋاب قايتۇرۇپ، خەلقنى بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشىمىز كېرەك.

خەلقنى كۆزلەش، خەلققە تايىنىش كېرەك، خەلق ھەقىقىي قەھرىماندۇر. «جۇڭخۇا مىللىتى كۈتۈۋالغان ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىش جۇڭگو خەلقىنىڭ كۆرەش قىلىشىدىن كەلگەن!»

خۇەيخەي ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى پۇقرالار كىچىك قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ قولغا كەلتۈرگەن؛ چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى پۇقرالار قولۋاق ھەيدەپ قولغا كەلتۈرگەن؛ قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى پۇقرالار يەڭنى تۈرۈپ ئىشلەپ قولغا كەلتۈرگەن؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت تارىخىي ئۇلۇغ ئىشنى يۈز مىليونلىغان خەلق ئىسسىق قېنى ۋە قايناق ھېسسىياتى بىلەن ياراتقان...

شېنجېن لىيەنخۇاشەن تېغىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىس ھەيكىلى تاغ چوققىسىدىكى سۇپىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، ئايىغى ئاستىدىكى بۇ تۇپراققا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن نەزەر سېلىپ تۇراتتى.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، گۇاڭدۇڭدا تەكشۈرۈشتە بولۇۋاتقان باش شۇجى شى جىنپىڭ لىيەنخۇاشەن تېغىغا چىقىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىس ھەيكىلىگە گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى ھەم يىراق بولمىغان جايغا ئۆز قولى بىلەن بىر تۈپ گاۋشەنرۇڭ كۆچىتى تىكتى.

سەككىز يىلدىن كېيىن، شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش پەيتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم بۇ يەرگە كەلدى.

تاغ چوققىسىدىكى سۇپىدا تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ شېنجېننىڭ ئومۇمىي قىياپىتىگە ئېگىزدىن نەزەر سالدى، كۆز ئالدىدا رەت ـ رەت ئاسمان پەلەك ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، زامانىۋىلاشقان چوڭ شەھەرنىڭ يارقىن ئۇپۇق سىزىقىنى سىزىپ چىققانىدى.

ھازىرقىغا قاراپ ئۆتمۈشنى ئەسلىسەك، شېنجېن مۆجىزىلىرىدىن ھاياجانلانماي تۇرالمايمىز، خۇددى باش شۇجى ئېيتقاندەك: «شېنجېن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق بىر قوللۇق بەرپا قىلغان يېپيېڭى شەھەر، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ بىر ۋاراق ئاق قەغەزدىكى ئېسىل نامايەندىسى»، «بۇ، جۇڭگو خەلقى ياراتقان دۇنيا تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر مۆجىزە».

نەچچە ئونمىڭ ئاما ئون يىل جاپالىق ئىشلەپ، تىك قىيالار ئارىسىدا «سۈنئىي سامانيولى» قىزىل بايراق ئۆستىڭىنى ياساشتىن شياۋگاڭ كەنتى ئاھالىلىرى بارماق ئىزىنى بېسىپ، يېزا ئىسلاھاتىنىڭ بۇرغىسىنى ياڭرىتىشىغىچە؛ ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ سەيخەنبانى قۇملۇق چۆل ـ جەزىرىدىن چەكسىز ئورمان دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇشىدىن ئارزۇسىنى باتۇرلۇق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كىشىنىڭ نەنخەي دېڭىزى بويىدىكى ئاشۇ «چەمبىرەك»نى كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان خەلقئارا چوڭ شەھەرگە ئايلاندۇرۇشىغىچە...

ھەربىر قېتىملىق تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ھەربىر قېتىملىق مۇھىم سۆز قىلىش داۋامىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پۈتۈن پارتىيەنى پارتىيەنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنى قەلبىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۈرەش نىشانى قىلىشقا ئۈزلۈكسىز تەربىيەلىدى، يېتەكلىدى.

ئونمىڭ چاقىرىملىق مۇساپىدە ئەسلىي مەقسەت ئۇنتۇلمىدى. تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە، خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىشنى ئەڭ چوڭ سىياسىي نەتىجە قىلىش كېرەك.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى يېپىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، باش شۇجى شى جىنپىڭ خېبېي فۇپىڭ ناھىيەسىگە بېرىپ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ كونا ئىنقىلابىي رايونلاردىكى بەزى يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ يەنىلا بىرقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى. «بىز چوقۇم تۈرلۈك ئامال بىلەن، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېزدىن يۇرتداشلارنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈشىمىز كېرەك.» ئاددىي سۆزلەر مىللەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا چىڭ تۇتۇپ ئالغا سىلجىتىلىدىغان چوڭ ئىشلارنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

تەيخاڭشەن تېغىدىن يىمېڭشەن تېغىغىچە، لىيۇپەنشەن تېغىدىن دابيېشەن تېغىغىچە... تاغ قانچە ئېگىز، يول قانچە يىراق بولسىمۇ، باش شۇجى ھەمىشە ھېرىپ ـ چارچاشتىن قورقماي يول يۈردى، كونا ئىنقىلابىي رايونلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ چوڭ غېمى ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، كونا ئىنقىلابىي رايون يېزىلىرىدىكى نامرات نوپۇسنى تېزدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەدىسى قەرەلىدە ئىشقا ئاشتى، يۈز مىليونغا يېقىن نامرات نوپۇس نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىدى، جۇڭخۇا مىللىتىنى نەچچە مىڭ يىل قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى.

بېسىپ ئۆتكەن يولىمىزنى ئەستايىدىل ئەسلەپ، كەلگەن يولىمىزنى ئۇنتۇپ قالماي ماڭايلى، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدا داۋاملىق ياخشى ماڭىمىز. خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ 2021 ـ يىلى چاغانلىق كوللېكتىپ مۇبارەكلىشىش يىغىنىدا ئېيتقاندەك، پارتىيەمىز باشتىن ـ ئاخىر دەۋر ئېقىمىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرسىلا، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرسىلا، ئەڭ كەڭ خەلق ئارىسىدا تۇرسىلا، مۇقەررەر مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايدۇ!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ پۈتۈن رايون ساياھىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش نىزامى›نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى» «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چىلانچىلىق كەسپىنى ئىلگىرى سۈرۈش نىزامى›نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى» «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللەر تەكلىپىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى›نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى» «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش قائىدىسى›نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى» ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2021 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنى تەكشۈرۈش لايىھەسىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش ئىشلىرى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايوندىكى يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىغا تەيىننامە تارقىتىپ بېرىلدى ھەم ئاساسىي قانۇن قەسىمى بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ نۇقتىلىق خىزمەتلىرىنى چىڭ كۆزلەپ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن لى شۆجۈن، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، سو يۈ، لى نىڭپىڭ، زۇمرەت ئوبۇل، توختى ياقۇپ، مۇقىيات جارمۇقامەت، باش كاتىپ مۇتەللىپ روزى يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەڭلىك سىيىت، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۇڭجۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېت، دائىمىي كومىتېت خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى، ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 121 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارارلىرىغا قاراپ چىقىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، دائىمىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇشقا تاپشۇرۇلىدىغان تەكلىپلەر قارار قىلىندى.

---

# ئاساسىي داۋالىنىش ئادىل، يېتىشچان بولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈرلۈك شەكىلدىكى جەمئىيەت ياردەم بېرىش ـ يۆلەش ئارقىلىق ئاممىۋى مەنپەئەت پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، مۇۋاپىق تېخنىكىلار كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن گوما ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ داۋالاش مۇلازىمەت سەۋىيەسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستى.

3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتە، يەكەن ناھىيەسىنىڭ قاراسۇ يېزىسى يۈڭخې كەنتى، كەنت ئاھالىسى نۇرمەمەت ئابدۇللا ئەسلىدە ئاددىي قورۇما بىلەنلا ئىككى رومكا ئاق ھاراق ئىچمەكچى بولغانىدى، ئەمما دوختۇرنىڭ ئاربالاپ تاپىلاشلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، يېرىم بوتۇلكا ئاق ھاراقنى جايىغا قويۇپ قويدى.

3 ـ ئاينىڭ بېشىدا، قاراسۇ يېزىلىق دوختۇرخانىدا ئومۇمىي خەلق سالامەتلىكنى تەكشۈرتۈشكە قاتناشقاندا، نۇرمەمەتكە يۇقىرى قان بېسىمى دەپ دىياگنوز قويۇلدى، ئۇ شۇ ھامان دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالاندى. دوختۇرخانا نۇرمەمەتكە ئارخىپ تۇرغۇزدى، ھەر ئايدا ئائىلە دوختۇرى بېرىپ تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ، «مەنمۇ ھازىر كەنت دوختۇرلىرىغا ئەگىشىپ يۇقىرى قان بېسىمنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم».

ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۆتكىلىنى ئالدىغا سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇندى؛ رايون ئىچىدىكى يېزا نوپۇسىدىكى ئاغرىقلارغا قارىتا دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشتا «ئالدى بىلەن دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش، ئاندىن ھەق تۆلەش» «بىر كۆزنەك»تە راسچوت قىلىش مۇلازىمىتى يولغا قويۇلدى؛ چوڭ كېسەل، سوزۇلما كېسەللەرنى تۈرگە ئايرىپ قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش يولغا قويۇلدى؛ ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقى ئاساسىي قاتلامغا يۈزلەندۈرۈلدى...

بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتونوم رايونىمىز ئاساسىي داۋالىنىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، «كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش» «كېسەل كۆرسىتىش قىممەت بولۇش» مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك پەسەيتتى، ساغلام تۇرمۇش ئىدىيەسى بۇ كەڭ تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ بىخ سۈرۈشكە باشلىدى.

### «مۇھىتى ناچار» «سەۋىيەسى تۆۋەن» بولۇش بىلەن خوشلىشىش

«ئىلگىرى ئاساسەن ناھىيەگە بېرىپ كېسەل كۆرسەتتۇق، ھازىر مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھەممىسى بازارلىق دوختۇرخانىغا كېلىپ خىزمەت قىلىدىغان بولدى.» باي ناھىيەسى سايرام بازارلىق دوختۇرخانىدىكى ئۆزگىرىشلەر تىلغا ئېلىنسا، سايرام بازىرى سايرام كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى شازادەم قادىر ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىدۇ: «مۇھىت ياخشىلاندى، دوختۇرلارنىڭ سەۋىيەسى ئۆستى، نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەرنى قىلالايدىغان بولدى، ئوپېراتسىيەنىمۇ قىلالايدىغان بولدى».

دىققەت داۋالاش ئىسلاھاتىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پۇقرالارنىڭ داۋالىنىشىدىكى قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. 2019 ـ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز زىچ تىپتىكى ناھىيە رايونى داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى ئىسلاھاتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، «ناھىيە كۈچلۈك بولۇش، يېزا جانلىق بولۇش، كەنت مۇقىم بولۇش، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىش، ئۇچۇر راۋان بولۇش»تىن ئىبارەت داۋالاش ـ ئالدىنى ئېلىش بىرلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمەت يېڭى ئەندىزىسىنى قايتا بەرپا قىلدى.

باي ناھىيەسى داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى باشلامچى بولغان ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ «بۆلۈم ـ ئىشخانىلار يېزا ـ بازارلىق دوختۇرخانىلارنى ھۆددىگە ئېلىش» تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، باللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، داۋالاش تېخنىكىسى ئىشخانىسى، تەكشۈرۈش بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈم ـ ئىشخانىلارغا دەل جايىدا ياردەم بېرىپ ـ يۆلەپ، ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىدىكى بۆلۈم ـ ئىشخانىلاردىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋاندىن يۇقىرى تېببىي خادىملارنى يېزا ـ بازارلىق دوختۇرخانىلاردا ۋەزىپە ئۆتەشكە ياكى نۆۋەتلىشىپ ئىشلەشكە ئەۋەتىپ، پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدە كېسەل كۆرۈش، سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش، ئۆز جايىدا تەربىيەلەش قاتارلىقلار ئارقىلىق، ناھىيە دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ «تېخنىكىسىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشى»نى، ئاساسىي قاتلام داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنىڭ داۋالىنىش يۈكىنى يېنىكلەتتى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، زىچ تىپتىكى داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش، يېزا ـ كەنت ئىككى دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ئاساسىي داۋالىنىش ئۇچۇر سىستېمىسىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. يىراق مۇساپىلىك داۋالاش ئاساسىدىكى يىراق مۇساپىلىك شىندىيەنتۇ ئارقىلىق دىياگنوز قويۇش، يىراق مۇساپىلىك تەسۋىرىي سۈرەت ئارقىلىق دىياگنوز قويۇش، يىراق مۇساپىلىك پاتولوگىيەلىك دىياگنوز قويۇش ئاساسىي قاتلام دوختۇرلىرىنى دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاشتا تېخىمۇ ئىشەنچكە ئىگە قىلدى.

كۆكتوقاي ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى دۆرە بازارلىق دوختۇرخانىنىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 180 نەچچە كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن ئەڭ يىراق بولغان يېزا ـ بازارلىق دوختۇرخانا ھېسابلىنىدۇ. «ئىلگىرى دوختۇرخانىمىزنىڭ شارائىتى ياخشى بولمىغاچقا، دېھقان ـ چارۋىچىلار بۇ يەرگە كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشنى خالىمايتتى. بۇ بىرنەچچە يىلدا زور كۈچ بىلەن قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق، بىز نۇرغۇن ئىلغار تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزدۇق.» بۇ دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى جەزىن نۇرباي مۇنداق دېدى: توغرا دىياگنوز قويۇشقا كۆزى يەتمىگەن كېسەللىكلەرگە قارىتا، تېببىي تېخنىكىلار تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە ئۇچۇرلاشتۇرۇش سۇپىسىغا ھەر ۋاقىت يوللىسا بولىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دىياگنوز قويۇش نەتىجىسى ۋە داۋالاش لايىھەسىنى تېزدىن قايتما ئىنكاس قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يېزا ـ بازارلىق دوختۇرخانىلارنىڭ مۇلازىمەت سەۋىيەسى ۋە ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆستى.

ئاساسىي قاتلامدا تۇنجى دىياگنوز قويدۇرۇشنى تاللىغان ئاغرىقلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، دۆرە بازارلىق دوختۇرخانىنىڭ ئۈنۈمى خېلى ئۆستى. نەتىجە ـ ئۈنۈمنى باھالاش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دوختۇر ـ سېستىرالارنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى تېخىمۇ ئۇرغۇدى.

«بىز بۇ بايلىقلاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، مۇلازىمەت سەۋىيەمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئاغرىققا ياخشى مۇلازىمەت قىلىمىز» دېدى جەزىن.

### «ئادەم ئالدىنى ئېلىش + تېخنىكىلىق ئالدىنى ئېلىش» توسۇقنى پۇختا توقۇش

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىنىڭ قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىدە داۋاملىق «ئۈچ رايون، ئىككى يول» بويىچە باشقۇرۇش ئىجرا قىلىنىپ، دوختۇر ـ سېستىرالار 2 ـ دەرىجىلىك مۇداپىئەدە تۇرۇپ، «بىر ئاغرىق، بىر دوختۇر، بىر كېسەل كۆرۈش ئۆيى» بويىچە تۈرگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇۋاتاتتى. ئەۋرىشكە ئېلىش، دېزىنفېكسىيەلەش، تەشۋىق ـ تەربىيە ...

ئاپتونوم رايونىمىز تۈرلۈك دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى ئالدىنقى قاراۋۇللۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، قىزىپ قېلىپ كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن كىشىلەرنى تاسقاپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بېكىتىلگەن قىزىتمىنى كۆزىتىش دوختۇرخانىسىدىن 112سى، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىدىن 193ى تەسىس قىلىنىپ، خېسۇەن تەكشۈرۈشتە مۇسبەت چىققان ئاغرىق مەسىلىنى بىرىنچى ۋاقىتتا بايقاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

ئاغرىقلارنىڭ كۆپ خىللاشقان كېسەل كۆرسىتىش ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، يۈزتۇرا ئۇچرىشىش ۋە كىشىلەر توپىنىڭ توپلىنىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان گىرەلەشمە يۇقۇملىنىشتىن ئۈنۈملۈك ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەر قايسى چوڭ دوختۇرخانىلار كېسەل كۆرۈش تەرتىپىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، ئاغرىقلارنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك داۋالىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

مۇخبىر شىنجاڭ تېببىي داشۆ قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىنىڭ ۋېيشىن ئاممىۋى سۇپىسىدا «توردا مەسلىھەت سوراش» ئىستونىدا يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى، يۇقىرى قان بېسىم، ئىچكى ئاجراتما كېسەللىكلىرى، بۆرەك كېسىلى، جۇڭيى تېبابىتى قاتارلىق 30 نەچچە بۆلۈم ـ ئىشخانىنىڭ مۇدىر ۋىراچ، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچلىرىنىڭ ئىسمى تىزىلغانلىقىنى، ھەربىر دوختۇرنىڭ ماھىر ساھەسىنىڭ ئېنىق، تەپسىلىي كۆرسىتىلگەنلىكىنى، كېسىلى جىددىي بولمىغان، كېسىلى گۇمانلىق، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر بولمىغان ئاغرىقلارنىڭ ھەرقانداق مەسىلىسى بولسا ئالاقىدار ساھەدىكى مەخسۇس بۆلۈم دوختۇرلىرىدىن مەسلىھەت سورىسا بولىدىغانلىقىنى كۆردى.

«بۇلۇتتا دىياگنوز قويۇپ داۋالاش» «بۇلۇتتا قايتا تەكشۈرۈش» «بۇلۇتتا رېتسېپ يېزىش» «بۇلۇتتا دورا تەييارلاش» «بۇلۇتتا پەرۋىش قىلىش»... ھەرقايسى چوڭ دوختۇرخانىلار ئاغرىقلارنىڭ نورمال داۋالىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ داۋالىنىش تەسىراتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىماقتا.

«14 ـ بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلىدا، ئاپتونوم رايونىمىز كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، داۋالاش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، بىرلەشتۈرۈپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلەشتۈرۈپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ۋە ئېغىر، زور يۇقۇمدىن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئېغىر، چوڭ كېسەللەرنى مەنبەدىن ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى تىزگىنلەيدۇ؛ تېببىي دورا ـ سەھىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئالدىنى ئېلىش بىلەن داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمەت يېڭى ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاساسىي ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتى تۈرلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە پۇختىلاپ، ئاممىنى ھەر تەرەپلىمە، تولۇق دەۋرىيلىك، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ساغلاملىق مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.